# مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە غۇسلى قىلىش ئۈچۈن«بىر قاچا»سۇنى يېنىغا قويدۇم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇنى ئوڭ قولى بىلەن سول قولىغا قۇيۇپ، ئىككى«ياكى ئۈچ» قېتىم يۇدى، ئاندىن ئەۋرىتىنى يۇيدى، ئاندىن قولىنى يەرگە سۈركىدى

مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە غۇسلى قىلىش ئۈچۈن«بىر قاچا»سۇنى يېنىغا قويدۇم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇنى ئوڭ قولى بىلەن سول قولىغا قۇيۇپ، ئىككى«ياكى ئۈچ» قېتىم يۇدى. ئاندىن ئەۋرىتىنى يۇدى، ئاندىن قولىنى زېمىنغا «ياكى تامغا» ئىككى «ئۈچ» قېتىم سۈركىدى. ئاندىن ئاغزى- بۇرنىنى چايقىدى، ئاندىن يۈزىنى، ئىككى بىلىكىنى ۋە بېشىنى ئۈچ قېتىمدىن يۇيدى. ئاندىن پۈتۈن بەدىنىگە سۇ قۇيدى، ئاندىن جايىدىن يۆتكىلىپ پۇتلىرىنى يۇيدى، يۈزىنى سۈرتۈش ئۈچۈن بىر رەختنى كەلتۈرسەم ئۇنى خالىمىدى، سۇنى قولى بىلەن سىرىۋەتتى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىستە مەيمۇنە بىنتۇل ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جۇنۇبلىقتىن قانداق يۇيۇنغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن، رەسۇلۇللاھقا يۇيۇنۇش ئۈچۈن بىر ئورۇنغا سۇ قويۇپ قويغان، رەسۇلۇللاھ كىلىپ ئوڭ قولى بىلەن سۇنى سول قولىغا قۇيۇپ ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم يۇيدى، ئاندىن جۇنۇبلىقتىن مەنى يۇققان ئورۇنلارنى تازىلاش ئۈچۈن ئەۋرىتىنى يۇيدى، ئاندىن قولىنى تامغا ياكى يەرگە ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم سۈركىدى، ئاندىن ئېغىز بۇرنىنى چايقىدى ۋە يۈز قوللىرىنى يۇيدى، ئاندىن بېشىدىن سۇ قۇيۇپ پۈتۈن بەدىنىنى يۇيدى، ئاندىن چەتكىرەك چىقىپ ئىلگىرى يۇمىغان ئىككى پۇتىنى يۇدى، بۇ ۋاقىتتا مەيمۇنە رەسۇلۇللاھقا يۈزىنى سۈرتۈش ئۈچۈن بىر رەخ كەلتۈرگەندە رەسۇلۇللاھ ئۇنى خالىماستىن، قولى بىلەن بەدىنىدىكى سۇنى سىرىۋەتكەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3310